# تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىدە تارىخى بايانلار

غالىب بارات ئەرك

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

# تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىدە تارىخى بايانلار

## مۇقەددىمە

840–يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر ئېلى يىمىرىلىپ خاندانلىق تەۋەسىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ھەر تەرەپكە پىتراپ كەتتى، نەتىجىدە ئۇلار ياشاپ كەلگەن ئورخۇن، تۇغلا دەريا بويلىرى، ئۆتۈكەن تېغى ئېتىكى ئاھالىسىز قالدى، بۇ بوشلۇقنى موڭغۇللار تولدۇردى. ئورخۇن ئۇيغۇر ئېلىنىڭ يىمىرىلىشىدە بىۋاستە سەۋەبكار قىرغىزلارمۇ قىتانلارنىڭ بېسىمى ئاستىدا 12–ئەسىرلەردە ئەسلىي ماكانلىرىغا ـــــ يېنسەي دەرياسى بويلىرىغا كېتىشكە مەجبۇر بولدى. موڭغۇل قوۋملىرى مانجۇرىيە تەۋەسىدىن تەدرىجىي سۈرۈلۈپ تۈركىي خەلقلەر ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن ۋە كېيىن موڭغۇللارنىڭ نامىدا ئاتالغان يەرلەرگە قاراپ سۈرۈلدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى مىلادىيە 12–ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قالغان. قىتانلارنىڭ ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى (840-1368) ۋە خاقانىيە (840-1212) سۇلالىلىرىنى ئۇزىگە باج–خىراج تۆلەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈشىدە، ئۇلارنىڭ ھەم ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر سەۋەب بولغان ئىدى. قىتانلار ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن"قارا ***" دەپ ئاتالغان قوۋمدۇر، ئۇلار ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىگە شاۋكېم دەپ ئاتىلىدىغان لاۋازىمدار (كەنجى باسقاق) نازارەتچى ئەۋەتىپ نازارەت قىلغان. قىتانلارنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى ھۆكۈمرانلىقى دەمزە خاراكتېرىدە بولغان، كېيىنچە ئېغىر باج-سېلىق ئالغان. قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش يولىدا ھەرىكەت قىلغان ئۇيغۇرلار، 1209–يىلى ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن باشچىلىقىدا قىتانلارنىڭ نازارەتچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان موڭغۇللارغا تەۋەلىك بىلدۈرۈپ ئەلچى ئەۋەتكەن.

موڭغۇللار 12–ئەسىردە بۈرجىگىن، قوڭرات، جالايىر، بارلاس، سالجىغۇت قاتارلىق كۆپلىگەن قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ كىرۇلىن، غونان دەريا بويلىرى ۋە ھىنگان تېغىنىڭ غەربىي-شىمالىي ئېتىكىدە ياشايتتى. تېمۈرچىننىڭ رەھبەرلىكىدە بىرلىككە كەلگەن موڭغۇل قەبىلىلىرى 1206–يىلى قۇرۇلتاي چاقىرىپ تېمۈرچىننى خانلىققا كۆتۈرگەن، شۇندىن باشلاپ تېمۈرچىن «چىڭگىزخان» دەپ، ھاكىمىيىتى «ئېكى موڭغۇل ئۇلۇسى» (بۈيۈك

موڭغۇل دۆلىتى) دەپ ئاتالغان. ئەسلىدە ئۇلار ھازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى بۇرھان خالدۇن تېغى ئەتراپىدىكى كىچىك دائىرىدە ياشاپ كەلگەن ئىدى، ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئاھالىسى بىر مىليونغىمۇ يەتمەيتتى. «بۇ ۋاقىتتا موڭغۇللار تېخى نايمان خاندانلىقىنى بويسۇندۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولمىغان، ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى ئېكى موڭغۇل ئۇلۇسى» نىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قوشنىسى ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ بايرىقى ئاستىدا بىرلەشكەن، بىرلىككە كەلگەن موڭغۇل قەبىلىلىرى كېڭەيمىچىلىك قىلىشنى باشلاپ، نۇرغۇن زېمىن ۋە بايلىققا ئېرىشتى. 1211–يىلى ئۇيغۇر ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىن كرۇلىن دەرياسى بويىدىكى موڭغۇل خاندانلىقى ئوردىسىغا بېرىپ بەيئەت قىلدى. چىڭگىزخان ئۆزلىرىدىن مەدەنىيەتلىك بۇ دۆلەتنىڭ قارام بولغانلىقىدىن شادلاندى، چۈنكى ئاكادېمىك بارتولدنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار «تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدىغان» [1] ئاھالە ئىدى، چىڭگىزخان قىزى ئالتۇن بېكەنى ئىدىقۇتقا ياتلىق قىلىدىغانلىقىنى (ياتلىق قىلغۇچە ئۆلۈپ كەتكەن) ۋە 5-ئوغلى سۈپىتىدە تونۇيدىغانلىقىنى جاكارلىغان. بارچۇق ئارت تېكىن تۆمەندىن ئارتۇق قوشۇننى باشلاپ موڭغۇللارنىڭ ئىستىلا يۈرۈشلىرىگە قاتناشقان. ئىرانلىق تارىخچى ئالاۋىددىن ئاتامەلىك جۇۋەينى (1226- 1283) «ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ۋە يازما ئەسەرلىرىنى ئىلىمنىڭ چوققىسى دەپ قارايتتى» [2] دەپ يازغىنىدەك، ئەينى زاماندا ئىلىم جەھەتتە يۇقىرى پەللىگە يەتكەن ئۇيغۇرلار موڭغۇللار قۇرغان خانلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ھاكىمىيەت ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلىپ، تارىخ بەتلىرىدە ئۆز تۆھپىلىرىنى قالدۇردى. ئەينى ۋاقىتتا موڭغۇللارنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى دوكتور ليۇ يىڭشېڭنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن ھايات كۆچۈرۈپ، كۆچۈپ يۈرەتتى [3]، شۇڭا موڭغۇللارنىڭ قەدىمى يەتكەن بارلىق زېمىنلارغا ئۇيغۇرلارمۇ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، موڭغۇل خانلىقىنىڭ جايلاردىكى ھاكىمىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرغان. ئۇيغۇر ۋە موڭغۇل خەلقلىرى ئورتاق تۇرمۇش، ياشاش داۋامىدا ئۆزئارا پەرقلەر بارغانسېرى ئازلاپ بارغان.

ئۇيغۇر ئىدىقۇت ھاكىمىيىتى بىۋاسىتە موڭغۇل مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە بېقىنىپ ئۆز تېررىتورىيىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. دوكتور ئابىتاكىئونىڭ پىكرى بويىچە ئېيتقاندا، يۈەن سۇلالىسى (1271-1368) قۇرۇلۇپ 80 يىلغىچە ئاساسەن شۇ تەرىقىدە داۋاملاشقان. 1227–يىلى چىڭگىزخان ئىگىلىگەن بارلىق زېمىنلىرىنى ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەندە، ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى موڭغۇل مەركىزىي ھاكىمىيىتىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلغان.

موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپ قۇرۇلغاندىكى زېمىنى توغرىسىدا ئالاۋۇددىن ئاتامەلىك جۇۋەينى «تاتارلارنىڭ ماكانى، ئۇلار پەيدا بولغان جاي ۋە روناق تاپقان يېرى كەڭ بىر ئويمانلىق ئىدى، ئۇنىڭ دائىرىسى 7 – 8 ئايلىق يولدۇر. شەرقتە *** (قىتان) بىلەن، غەربتە ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى بىلەن چېگرىلىناتتى، شىمالدا قىرغىزلار بىلەن سېلىنگا دەرياسى ئارقىلىق، جەنۇبتا تاڭغۇت ۋە تۇبۇتلەر بىلەن چېگرىلىناتتى» [4]، دەپ يازغان. 1227–يىلى چىڭگىزخان سىرلىق بىر سەۋەب بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ئوگىداي خاقان (1229ـ1241) بولغان. موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بارلىق زېمىنى چىڭگىزخاننىڭ تۆت پەرزەنتىگە سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن. گوپىسلىك (قەدىمكى ئىران) مۇسۇلمان يەھۇدىي تارىخچى راشىددىن فازىل ئوللاھ (1247ـ 1318) چاغاتاينىڭ سۇيۇرغال زېمىنى توغرۇلۇق «ئۇنىڭغا بېرىلگەن سۇيۇرغال زېمىن turkدىن باشلىنىپ ئامۇ دەرياسىنىڭ ئېغىزىغىچە ئىدى. ئۇ چىڭگىزخان بولۇپ بەرگەن ئۇلۇس ۋە چېرىكلەرنى ئىدارە قىلىش بىلەن، بەشبالىقتىكى ئۆز ئېلىدە خانلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزەتتى ...» [5] دەپ يازغان. «چىڭگىزخان ئىگىلىگەن زېمىننى ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەندىن باشقا، قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتىغا ئۆز ئۇنۋانىنى داۋاملىق قوللىنىشقا، ئەسلى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن زېمىننى ساقلاپ قېلىشقا، يەنىلا قاراقۇچۇنى پايتەخت قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. موغۇللار بۇ يەرگە ‹ دارۇغاتچى › ئەۋەتىپ، نازارەت قىلدى. ئىدىقۇتنىڭ مەرتىۋىسى چىڭگىزخان بويسۇندۇرغان باشقا ئەللەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن كۆپ يۇقىرى تۇراتتى» [6]، موغۇل ئىمپېرىيىسى 13ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ يۈرتىمىزنىڭ پۈتكۈل تارىخىغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى.

1227–يىلى چىڭگىزخان ئىگىلىگەن يەرلىرىنى پەرزەنتلىرىگە سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى چاغاتاي خانلىقى بىلەن قوشنا بولغان. شۋېتسىيىلىك ئالىم دوساننىڭ يېزىشىغا قارىغاندا، چىڭگىزخاننىڭ 2 – ئوغلى چاغاتايغا شەرقتە ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى چېگراسى بىلەن قايالىقتىن تارتىپ غەربتە جەيھۇن (ئامۇ) دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغىچە بولغان زېمىن بىلەن، تۆت مىڭ چېرىك (ئائىلىسى بىلەن) تەقسىم بولغان. فرانسىيىلىك يېن پاۋل روشىنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلانساق، چاغاتاي خانلىقىدا يايلاقلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان، يەنى ئېرتىش دەرياسى يايلىقى، ئىلى يايلىقى، تالاس يايلىقى بىلەن بالقاش كۆلى ئەتراپىدىكى زېمىن خانلىق زېمىنىنىڭ ئاساسىي قىسمى بولۇپ قالغان. بۇ خاندانلىق ھۆكۈمدارلىرىنىڭ يەرلىرىدىن تارىم ئويمانلىقى (ھازىرقى باينغولىن تەۋەسىنى چەرچەندىن باشقا جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، ماۋرائۇننەھر، ئافغانىستاننىڭ غەربىي قىسىم يەرلىرى، پەنجاپ ۋە سىند قاتارلىق يەرلەردىن

ئىبارەت. يىن پاۋل روشــــنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، 14–ئەســــىرگە كەلگەندە چاغاتاي خاندانلىقىدىكىلەرمۇ ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكىلەرگە ئوخشــاشــلا ئۆز ئانا تىلىنىمۇ ئۇنتۇپ تۈركىي تىلدىلا ســۆزلىشــىدىغان بولغان، ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلغــان، كېيىن بۇ تىلغا «چاغاتاي تىلى» دەپ نام بېرىلگەن، بۇ تىل ئەمەلىيەتتە موڭغۇل تىلى بولماســتىن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاســاســىدا شــەكىللەنگەن تىل بولۇپ، زامانىمىز ئىلىم ســــاھىبلىرى ئېيتقان «چــاغــاتــاي ئۇيغۇر تىلى» ئىدى. ئومۇمەن ئــالغــاندا، ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى بىلەن چاغاتاي خانلىقى چېگرىلىنىپ تۇرغان. ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى دەســــلەپ موڭغۇل خانلىقىغا، كېيىن چىڭگىزخان نەۋرىســــى قۇبلاي تەرىپىدىن قۇرۇلغان يۈەن ســــۇلالىســــىگە بىۋاســــتە قارايدىغان بولغان، ئەمما موڭغۇل شــاھزادىلىرىنىڭ ھاكىمىيەت تالىشــش ئىشــلىرىغا ئارىلىشــىپ قېلىپ، تالاپەت تارتقان. ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى كۆچەيگەن ۋاقىتلىرىدا ناھايىتى كەڭ تېررىتورىيىگە ئىگە بولســــىمۇ، خاقانىيەنىڭ بارلىققا كېلىشــــى بىلەن بىر قىســــم زېمىنلىرىدىن، كېيىن خــاقــانىيەنىڭ غازاتلىرى بىلەن يەنە بىر قىســــم زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان. ئۇيغۇرلار ياشــاۋاتقان يەرلەر 14- ئەســىرنىڭ باشــلىرىدىن باشــلاپ چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشــۈپ قــالغــان. تۇغلۇق تۆمۈرخــان ئەنە شــۇ چىڭگىزخــانىنىــڭ 2 – ئوغلى چاغاتايخاننىڭ ئەۋلادى بولۇپ تارىخىمىزدا ناھايىتى مۇھىم شەخسلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

## تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ نەسەبى

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ نەســەبىدە بەزى مەســىلىلەر بار. 16–ئەســىردە ياشــىغان ئۇيغۇر تارىخچىســى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانى (موڭغۇللارنىڭ دۇغلات قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن) نىڭ «تارىخى رەشىدى» ناملىق ئەسىرنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان ئېدۋارد دېنىسون رۇس ۋە مۇھەررىرى ئىلياســلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاســاســلانغاندا، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ نەســەبى چىڭگىزخانغا تۇتىشــــىدۇ. چىڭگىزخــانىــڭ 2–ئوغلى چــاغــاتــايخــان، ئۇنىــڭ ئوغلى مۇئــاتۇغان («شــــەجەرەئىي تۈرك» تە «مۇتۇكەن»، «كــاشــــغەر تــارىخى» دا «مــامۇكەي»، دېيىلگەن. «چىڭگىزخــان» نــاملىق تېلېۋىزىيە فىلىمــدە «مۇقــاتوغان» دەپ تەرجىمە قىلىنغان)، ئۇنىڭ ئوغلى ئېســــەن داۋا، ئۇنىڭ ئوغلى بەراق (باراق)، ئۇنىڭ ئوغلى

داۋا ئىكەنلىكى سىخېملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ داۋا ئوغۇللىرىدىن ئېسەن بۇغا ياكى ئېمىل خوجادىن بىرىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن [7]. نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت ئوغلى (ئۇيغۇر بالىسى) «تارانچى تارىخى» ناملىق كىتابىنى يازغاندا «شەجەرەئىي تۈرك» تىن پايدىلانغان بولسا كېرەك، «موغۇل تۆرىلىرى بۇخارادىن ئەل خوجا لەقەملىك ئېسەن بۇغا دۇۋان چېچەن ئوغلىنى ئالدۇرۇپ خان كۆتۈردى. ئېسەن بۇغا خاننىڭ توقلى ‹مەڭلىك› خاتۇندىن ‹تۇغلۇق تۆمۈر› ئاتلىق بىر ئوغۇل دۇنياغا كەلدى...»، دەپ يازغان. مۇشۇ قاراشلار بويىچە ئېيتقاندا، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئاتىسىنىڭ كىملىكى ھېلىغىچە مەۋھۇم تۇرماقتا. 16–ئەسىردە ياشىغان تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسىدىكى ئىرانلىق ئاتاقلىق شائىر شەرىفىددىن ئەلى يەزدى (؟-1454) 1420–يىللىرى يازغان «زەپەرنامە» شۇ ۋاقىتتا تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىشلاردىن كېيىن يېزىلغان. ئۇنىڭدا «چاغاتاي خان نەسلىدىن بولغان جەتە پادىشاھى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىبنى ئېمىل خوجا ئىبنى داۋاخان» [8]، دېيىلگەن. شەرىفىددىن ئەلى يەزدى تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسىدە ياشىغان، ئىمپېراتور تۆمۈرلەڭ (تارىختا ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان، ئاقساق تۆمۈر دەپمۇ ئاتالغان) نىڭ ئەۋلادى شاھرۇھخاننىڭ ئوغلى ئىبراھىم سۇلتاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن، خانلىقنىڭ قۇلايلىق يارىتىشى ھەمدە كۆپلەپ مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنىڭ توپلىنىشى بىلەن يېزىلغان «زەپەرنامە» ئۇچۇن، تۇغلۇق تۆمۈر ھەم ئەمىر تۆمۈر كۆرەگانى توغرىسىدا كۆپ ماتېرىياللارنىڭ جۇغلانغانلىقىدا شۈبھە يوق. تۇغلۇق تۆمۈرخاننى خانلىق تەختكە چىقارغان ئەمىر بۇلاجىنىڭ ئەۋلادى، شۇنداقلا تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئەۋلادى سۇلتان سەئىدخان قۇرغان ياركەنت سەئىدىيە (1514-1680) خانلىقىنىڭ دۆلەت ئەربابى بولغان مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانى تەرىپىدىن 1545 – يىللىرى ئەتراپىدا يېزىلغان «تارىخى رەشىدىي» دە، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ نەسەبى چىڭگىزخان ئوغلى چاغاتاي، ئۇنىڭ ئوغلى مامقانخان، ئۇنىڭ ئوغلى قارا سۇبۇخان، ئۇنىڭ ئوغلى بەراقخان، ئۇنىڭ ئوغلى داۋاچىخان، ئۇنىڭ ئوغلى ئېسەن بۇغا خان [9]، ئۇنىڭ ئوغلى تۇغلۇق تۆمۈرخان، دېيىلگەن. «تارىخي رەشىدىي» نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار بەراقخان ئوغلىنى ئېسەن داۋا دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەسلىي مەتىندە kara isun دېيىلگەنلىكىنى ئىزاھلىغان، بۇ ئىسىم ئۇيغۇرچە نەشرىدە قارا سۇبۇخان، دېيىلگەن.

تۇغلۇق تۆمۈرخان نەسەبى توغرىسىدىكى ھېكايەت «تارىخى رەشىدىي» دىن ئېلىنىپ «تارىخى رەشىدىي زەيلى» (مىرزا شاھ مەھمۇد جوراس)، «كاشغەر تارىخى» (موللا مىر سالىھ كاشغەرىي كۆچۈرگەن)، «تارىخى ھەمىدى» (موللا مۇسا سايرامى) قاتارلىق كىتابلاردا خېلى كەڭ دائىرىدە بايانلانغان. شۇ كىتابلاردا ھېكايە

قىلىنىشىچە، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئاتىسى ئېسەن بۇغاخاننىڭ ئىككى خوتۇنى بولۇپ، چوڭ خوتۇنىنىڭ ئىسمى ساتىلمىش، توقالىنىڭ مەڭلىك ئىكەن. ساتىلمىش تۇغماس بولۇپ كۈندىشى مەڭلىكنىڭ ئىككى قاتلىقىنى سېزىپ، ئېسەن بۇغاخان شىكارغا (بەزىلىرىدە لەشكىرى يۈرۈشكە كەتكەندە، دېيىلگەن) چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتە ئوردىغا كەلگەن شىراۋۇل دۇختەۋى (ئېرتىش دەرياسىنىڭ شىمالى تەرىپى، دەشتى قىپچاقتا ياشىغان دېگەن قاراش بار) گە خوتۇنلۇققا بېرىۋېتىدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى موغۇل ئادەتلىرى بويىچە خاتۇن توقاللارنىڭ تەقدىرىنى ئىلىكىدە تۇتقان. ئېسەن بۇغاخان قايتىپ كېلىپ مەڭلىك خاتۇننى سورىغاندا ئۇنىڭ يىراقتىن كەلگەن شىراۋۇل دۇختەۋىگە بېرىۋەتكەنلىكىنى ئېيتقاندا، خان «يامان بوپتۇ، ئۇ مەندىن ھامىلدار ئىدى» دېگەن. شۇ ئىشلار بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئېسەن بۇغاخان قازا قىلىپ، موغۇل قوۋمى خانسىز قېلىپ ۋەيرانچىلىققا يۈز تۇتقان. «تارىخى رەشىدىي» نىڭ ئاپتورىنىڭ ئەجدادى ئەمىر بۇلاجى دۇغلات «بىر خان پەيدا قىلىپ مەملىكەتنىڭ قانۇن تەرتىپلىرىنى تۈرغۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ» [10]، توقال مەڭلىكنىڭ بالىسىنى تېپىپ، ئوغۇل بولسا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن تاشتېمۈر ئىسىملىك بىرىنى يولغا سالغان. تاشتېمۈر ئۇزۇن يول يۈرۈپ شىراۋۇل دۇختەۋى تۇرغان جايغا بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپ، مەڭلىكنىڭ خاندىن بولغان بالىسىنىڭ ئوغۇل ئىكەنلىكى، ئىسمىنى تۇغلۇق تۆمۈرخان قويغانلىقىنى ئۇققان ھەمدە ئۇنى ئېلىپ قېچىپ، دۇغلات ئەمىرى بۇلاجىنىڭ ھۇزۇرىغا - ئاقسۇغا ئېلىپ كەلگەن. شەرىفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» دە يېزىشىچە، تۇغلۇق تۆمۈرخان ھىجرىيەنىڭ 764–يىلى 34 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنداقتا، ھىجرىيە 730–يىلى (مىلادىيە 1329– 1330– يىللىرى) تۇغۇلۇپ، ھىجرىيە 764– يىلى (مىلادىيە 1362–، 1363– يىللىرى قازا قىلغان بولىدۇ. بۇ يىلنامىدىن 1330– يىلنى تۇغۇلغان يىلى سۈپىتىدە قوبۇل قىلساق، 1364– يىلى قازا قىلغان بولىدۇ. فرانسىيە مىللىي كۇتۇپخانىسىدا 1006 رەقىمدە ساقلىنىۋاتقان «تەزكىرەت ئەل ئىرشاد» نىڭ ئاپتورىنىڭ «تارىخى رەشىدىي» دىن پايدىلانغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، شۇڭلاقتىمۇ تەزكىرەدىكى مۇناسىۋەتلىك يىلنامىلەر قىممەتلىك. ئۇنىڭدا «تارىخقە 730-يىلى ئۇي يىلىدا تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋۇجۇدقە كەلدى. 16 ياشىدا قالماقتىن ئەمىر بۇلاجى ئاقسۇغا كەلتۈردى، 18 ياشىدا خان بولدى ۋە 24 ياشىدا مۇسۇلمان بولدى. 31 ياشىدا ماۋرائۇننەھرگە چېرىك ئاتلاندۇردى ۋە تارىخقە 764– يىلى ـــ توشقان يىلىدا 34 ياشىدا ۋاپات بولدى»[11]، دېيىلگەن. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ نەسەبى ھەققىدە 20–ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان چۆچەكلىك تاتار ئالىمى قۇربان غالى خالىدى يازغان «تەۋارىخى خەمسەئىي شەرقى» دىكى باياناتلارمۇ

ئوخشاش بولۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئېسەن بۇغاخاننىڭ ئوغلى، ئۇ بۇدۇيىچچە خاننىڭ ئوغلى، ئۇ بەراق خاننىڭ ئوغلى، ئۇ يەسسۇنتۇنىڭ ئوغلى، ئۇ مۇتەكەن (مامقانخان) نىڭ ئوغلى، ئۇ چاغاتاينىڭ ئوغلى دېيىلگەن، ئىسملارنىڭ تەلەپپۇزىدا ئازراق پەرقلەر بار. تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئېمىل خوجا ئوغلى دېگۈچىلەردىن شەرىفىددىن ئەلى يەزدى («زەپەرنامە»)، ئەبۇلغازى باھادىرخان («شەجەرەئىي تۈرك»)، خاندەمىر («turk ۋە ماۋەرەئۇننەھىر موغۇل خانلىرىنىڭ تارىخى»)، مىرزا ئۇلۇغبەگ («تۆرت ئۇلۇس تارىخى») لەر بار.

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ نەسەبى توغرىسىدا يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ئاتىسى ئېسەن بۇغاخان، ئېمىل خوجا دېگەن ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت. «تارىخى رەشىدىي» نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار مۇقىملاشتۇرالمىغان. دوسساننىڭ «موغۇل تارىخى» ۋە بەزى ماتېرىياللاردا ئېمىل خوجا دېگەن قاراش ياقلانغان. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ نەسەبى 16- ئەسىردىن باشلاپلا تەھقىقلەشكە ھەرىكەت قىلىنغان. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانى «تارىخى رەشىدىي» نى يېزىشتا شەرىفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە»، ئەمىن ئەھمەد رازىنىڭ «ھەفت ئىقلىم»، ئاتامەلىك جۇۋەينىنىڭ « تەۋارىخى جاھان كۇشاي» ... قاتارلىق ئەسەرلەردىن پايدىلانغان، جۈملىدىن «زەپەرنامە» دىن خېلى كۆپ مەنبەلەر كەلتۈرگەن. مۇشۇ نۇقتىلاردىن قارىغاندا، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانى «زەپەرنامە» دىكى تۇغلۇق تۆمۈرخان نەسەبگە ئائىت ئۇچۇرلارنى كۆرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئېيتىش مۇمكىنكى، تۇغلۇق تۆمۈرخان نەسەبى توغرىسىدىكى تەھقىقلىشىدە دۇغلات ئەمىرلىرىنىڭ بايانىنى ئاساس قىلىپ «ئېسەن بۇغا خان» ئوغلى، دەپ يازغان. ئاكادېمىك ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ يېزىشىچە، ئەبۇلغازى باھادىرخان ئېمىل خوجانىڭ لەقىمى ئېسەن بۇغا دەپ يازغانلىقىنى ئەسكەرتكەن ھەمدە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ نەسەبى توغرىلىق گۇماني قاراشتا بولغان، جۈملىدىن «تۇغلۇق تۆمۈر ئەسلىي خان ئەۋلادىدىن ئىدى، دېگەن بۇ گەپنى دۇغلات ئۇرۇقىدىن بولغان ھېلىقى ئەمىر توقۇپ چىققان بولسا كېرەك ۋە بۇ ئەمىر ئۇنى چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ شەرقىدە مەزكۇر خان ئەۋلادىدىن ھېچقانداق پۇشتى قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، خانلىق تەختكە چىقارغان بولسا كېرەك» [12]، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەبۇلغازى باھادىرخان (1605- 1663) نىڭ «شەجەرەئىي تۈرك» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە نۇسخىلىرى نەشر قىلىندى، ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ قايسى خىل نۇسخىسى ئاساس قىلىنغانلىقى نامەلۇم، پەرىزىمچە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسلىي نۇسخىسىدىن كۆرە ئۆزبېكىستاندىكى نەشرى مەنبە قىلىپ نەشرگە تەييارلانغان بولۇشى مۇمكىن. خەنزۇچە نۇسخىسى 1874– يىلىدىكى فرانسۇزچە تەرجىمىسىدىن تەرجىمە قىلىنغان، فرانسۇزچىغا

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىنغان. ئۇيغۇرچە نەشرىدە «چاغاتايخان ئەۋلادىدىن ئېلاجە لەقەملىك ئېسەن بۇغا بىن دۇي چېچەن بىن بەراق بىن يەسەنتۇ بىن مۇتۇكەن بىن چاغاتايخان ماۋرائۇننەھردە تۇغۇلغان ئىدى» دېيىلگەن. خەنزۇچە نەشرىدە «چاغاتايخاننىڭ بىر ئەۋلادىنىڭ ئىسمى ئېسەن بۇغا بولۇپ يەنە بىر ئىسمى ئېلى خوجا (伊勒火者)، ئۇ ماۋرائۇننەھردە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ نەسەبى ئېسەن بۇغا – داۋا – چېچەن – بەراق – يېسەنتۇ – موتۇكەن – چاغاتايخان» دېيىلگەن. مىرزا ئۇلۇغبەگ «تۆرت ئۇلۇس تارىخى» دا «ئەمىر غازانخان شېھىد بولغاچ تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىبن ئەلخوجا ئىبن داۋا چېچەنخان جەتە ئۇلۇسىدا ھاكىم بولدى. ماۋرائۇننەھر خەلقىنىڭ ئالىملىق ماۋازىنىدە ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن قۇببە بىنا قىلغان ئىدى. ۋاپاتىدىن كېيىن ئاشۇ يەرگە دەپنە ئەتتىلەر. ئول قۇببە ئالتۇن نامى بىلەن مەشھۇردۇر. ... تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىبن ئەلخوجا ئىبن داۋا چېچەنخان ئىبن سۇلتان غىياسىددىن بەراقخان ئىبن سۆقار ئىبن كومكور ئىبن چاغاتاي خان ئىبن چىڭگىزخان» [13] دېيىلگەن. ئاكادېمىك بارتولدنىڭ گۇمانىغا ئوخشاش گۇمانىنىڭ تۇغۇلۇشى تەبئىي، ئەمما تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ چاغاتاي نەسەبگە تۇتاشماسلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس، چۈنكى شۇ دەۋردىكى كەسكىن ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرىدە، تۇغلۇق تۆمۈرخاننى خانلىق تەختىگە چىقىرىشتا يېتەرلىك ئاساسلار بولمىسا موغۇل قوۋمى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. «تارىخى رەشىدىي» ۋە باشقا ماتېرىياللاردىكى مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، 1330–يىلى تۇغۇلغان تۇغلۇق تۆمۈرخان 15 يېشىدا يەنى 1345-يىلى ئەتراپىدا ئاقسۇدا خانلىق تەختكە چىقىرىلغان. ئۇ 18 يېشىدا (كۆپىنچە ماتېرىياللاردا 1347–يىلى دېيىلگەن) ئالمالىق شەھرىدە موغۇلىستان چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى بولغان. بەزى ماتېرىياللاردا، 1347–يىلى شەرقى چاغاتاي خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى، مۇشۇ ۋاقىتتا چاغاتاي خانلىقى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن، دەپ بايان قىلىنىدۇ. 24 يېشىدا (1353 ~ 1354-يىللىرى) ئىلىدا مۇسۇلمان بولغان، 1360-، 1363– يىللىرى ماۋرائۇننەھرگە لەشكەر باشلاپ چاغاتاي خانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن يۈرۈش قىلغان ھەمدە ماۋرائۇننەھرنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خېلى نۇرغۇن يەرلەرنى ھۆكۈمرانلىقىغا ئالغان، يۈرۈشتىن قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي 34 يېشىدا 1363–يىلى قازا قىلغان. ئۇنداقتا، ئېسەن بۇغا بىلەن ئېمىل خوجانىڭ قايسى بىرى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئاتىسى؟ ناۋادا تارىخ يازمىلىرىدىكى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ تۇغۇلغان يىلىنى ئېتىراپ قىلساق، ئېسەن بۇغاخان بىلەن يىل دەۋرىنى سېلىشتۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. دوكتور تيەن ۋېيجياڭ ۋە دوكتور ليۇ يىڭشېڭلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئېسەن بۇغاخان

كىچىككەندىمۇ 1320–يىلى قازا قىلغاندىن كېيىن كېبەكخان چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەختىگە چىققان. ئەگەر مۇشۇ تەتقىقاتلارغا ئاساسلىنىدىغان بولساق، ئىسەن بۇغاخان ئۆلۈپ 10 يىلدىن كېيىن ئاندىن تۇغلۇق تۆمۈرخان تۇغۇلغان بولۇپ چىقىدۇ.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئېسەن بۇغاخاننىڭ ئوغلى بولمىسا، ئۇ ھالدا ئېمىل خوجانىڭ ئوغلى بولۇش ئېھتىماللىقىلا قالىدۇ. دوكتور ليۇ يىڭشېڭنىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، 15–ئەسىردىكى «مۇززىئال ئەنساب فى شاجارات سالاتىن موغۇل»، قاشانىنىڭ «تەۋارىخى ئۆلجايتو»، ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئىي تۈرك» قاتارلىق مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ، شەرىفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» دىكى «ئېمىل خوجا ئوغلى» دېگەن بايانىنىڭ توغرىلىقىنى بىلىش مۇمكىن. ئېسەن بۇغاخان ئوغلى دېگەن قاراشنى بارتولد ئېيتقاندەك، ئەمىر بۇلاجى باشچىلىقىدىكى دۇغلات جەمەتى توقۇپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. دۇغلات ئەمىرى بۇلاجىنىڭ ئېمىل خوجا ئوغلى تۇغلۇق تۆمۈرنى ئېسەن بۇغاخاننىڭ ئوغلى دېيىشى، ئاساسلىقى ئېسەن بۇغاخاننىڭ تەخت ۋارىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى كۆزلىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. دېمەك مۇشۇ قاراشلار بويىچە ئېيتقاندا، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئېسەن بۇغاخاننىڭ ئوغلى بولماستىن، ئۇنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى ئېمىل خوجانىڭ ئوغلىدۇر.

## تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى توغرىسىدا ماتېرىياللار ئىنتايىن كۆپ، گەپنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى مەشھۇر شەھەر كىتىكتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. شەھرى كىتىك تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدا، يەنى چەرچەن دەرياسىنىڭ ئاياغ ئۇچىدا تارىم دەرياسىغا قوشۇلۇشقا ئاز قالغان ئورۇندىكى «ئېتەك تېرىم (ئېتەك تارىم دەپمۇ يېزىلغان)» دېگەن جايدا. بۇ شەھەر مىلادىينىڭ بېشىدىن باشلاپ گۈللىنىپ تۇرغان بولۇپ، 8– ئەسىرلەردىكى تۈبۈتچە يازمىلاردا kadag، 982– يىلى يېزىلغان پارسچە ئەسەر «ھۇدۇدۇل ئالەم» («ئالەمدىكى چېگرا–پاسىللار») دە KADHAK، ئوتتۇرا ئەسىر خەنزۇچە يازمىسىدا 怯台، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازمىلاردا «كىتك» ياكى «كدك»، دەپ يېزىلغان. بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇشرىك، ئاز بىر قىسمى مۇسۇلمان بولۇپ، باياشات ياشايدىكەن. چىڭگىزخان مۇسۇلمان يۇرتلىرىنى ئىشغال

قىلغان زامانلاردا بەلىخلىق مەشھۇر ئالىم ئەبۇ ھەبس كەبرىينىڭ ئەۋلادى جامالىددىن بەلىخلىق شاگىرتى شەيخ شاھابىددىن بىلەن موڭغۇل ئىمپىرىيەسىنىڭ پايتەختى قاراقورۇمدىن قېچىپ مۇشۇ شەھەر ـــ كىتىككە يېتىپ كەلگەن. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانى جالالىددىن كىتىكى (جامالىددىننىڭ كېيىن جالالىددىن دەپ ئاتالغان) ئەۋلادلىرىدىن ئىگىلىشىچە، چىڭگىزخان بۇخارا ئۇلۇغلىرىنى يىغىپ قەتلى قىلغاندا مەۋلانا ھافىزىددىن كەبرىينى بۇخارادا قەتلى قىلغان، ئۇنىڭ ئىنىسى شۇجائىددىن مەھمۇدنى پايتەختى قاراقورۇمغا ئېلىپ كەتكەن، ئۇ شۇ يەردە قازا قىلغان. كېيىن مەۋلانا شۇجائىددىننىڭ ئوغلى (يىل نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئەۋلادى بولۇشى كېرەك) جامالىددىن «خوتەن بىلەن تۇرپان ئارىسىدىكى» شەھەرى كىتىككە كەلگەن. بۇچاغلاردىكى شەھەرى كىتىك قۇربان غەلىي خالىدىينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، تەكلىماكاندىكى شەھەرلەرنىڭ مەركىزى ئىدى. ئۇچتۇرپانلىق شائىر موللا شاكىر («زەپەرنامە»)، شىريار («مەۋلانە ئەرشىدىن تەزكىرەسى») ۋە باشقا تەزكىرەلەرنىڭ بايانى بىلەن ئالغاندا 41 شەھەرنى باشقۇرىدىغان مەركەز ئىدى. جالالىددىن كىتىك شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىن دىن تەرغىباتى بىلەن مەشغۇل بولغان. خەلق ئېغىز رىۋايەتلىرىدىن كۆرە «تەزكىرەتۇل ئېرشات» تا يېزىلىشىچە، شەھەرى كىتىكنى توشقان يىلدا قۇم باسقان، تۈن بويى قۇم يېغىپ شەھەر قۇم تېگىدە قالغان. رىۋايەتلەردە بايان قىلىنىشى ۋە بەزى تەزكىرەلەردە يېزىلىشىچە، جالالىددىن كىتىكى باشلىق مۇسۇلمانلار موما ياغاچلارنى قاداپ، «40 كېچە – كۈندۈز» موما ياغاچنى چۆرگىلەپ ھايات قالغان. ھايات قالغان كىتىك ئاھالىسى (شىريار 15 كىشى دەپ يازغان، ئەمما بۇ سان ئەمەلىي ساندىن ناھايىتى كەم ئىكەنلىكى مەلۇم) تارىم دەرياسىنى بويلاپ كۆچكەن. ئۇلار كۆچۈپ «تاغ – دەريالاردىن ئېشىپ، چۆل – جەزىرەلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئەردەۋىل شەھىرىگە كېلىپ ئايكۆل دېگەن جايدا تەكىيەگاھ بىنا قىلدى» [14]. جالالىددىن كىتىكى باشچىلىقىدىكى كىتىكلىك مۇسۇلمانلار ئەردەۋىل (ئاقسۇ) ئايكۆلگە بارغۇچە يول بويلاپ بىر قىسمى تۇرۇپ قالدى، جۈملىدىن ئاقتاما (ھازىر لوپنۇر ناھىيە تەۋەسىدىكى 31- پولك دائىرىسىدە)، كۆتەكلەر كەنتى (كورلا شەھىرى ئايرودرومغا يېقىن مەھەللە) ۋە بۈگۈر ناھىيىسى تەۋەسىدە شۇ نامدىكى مەھەللىلەر بولغان ياكى رىۋايەتلەر قالغان. كىتىكلىكلەر ئاقسۇنىڭ يار بېشى دېگەن يېرىدە كۆپرەك ئولتۇراقلاشقانلىقتىن «كىتىكلىكلەر كەنتى» بەرپا بولغان [15]. مۇھەممەد تۆمۈر قاراقاشى 1818- يىلى يازغان «تەزكىرەتۇل ئېرشات» تا ئېيتىلغان شەھەرى كىتىكنى قۇم باسقان يىلنىڭ خاتىرىسى بولغان توشقان يىلى مىلادىيە 1340- يىلىغا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، شۇندىن كېيىن سەپەر قىلىپ ئاقسۇدا ماكانلاشقان

جالالىددىن كىتىكى ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولۇپ پەرزەنت كۆرگەن ھەمدە ئۇنىڭغا «ئەرشىددىن» دەپ ئىسىم قويغان. جالالىدىن كىتىكى ئاقسۇ ئايكۆلدە ئولتۇراقلاشقان، ئۇنىڭ قەبرىگاھى ھازىر ئاقسۇ شەھىرى ئايكۆل يېزىسىدا ئايكۆل مەۋلانەم بۇزرۇكگاھى نامدا مەشھۇر، يېقىنغىچە كىشىلەر تەرىپىدىن تاۋاپ قىلىنىپ كەلگەن. جالالىددىن كىتىكنىڭ ئوغلى مەۋلانا ئەرشىددىن مازىرى كۇچا قارادۆڭدە (يېڭى شەھەر رايونىنىڭ غەربىدە) بولۇپ مەۋلانا ئەرشىددىن ۋەلى بۇزرۇكگاھى دېگەن نامدا مەشھۇر. جالالىددىن كىتىكى ئاقسۇدا ياشاۋاتقان كۈنلىرى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ دۇغلات ئەمىرى بۇلاجى تەرىپىدىن ئاقسۇغا كەلتۈرۈلگەن يىللىرى (مىلادىيە 1345– يىلى) ئىدى. شىكارغا چىققان تۇغلۇق تۆمۈرخان ئايكۆل بويلىرىدىكى سىفىر(خانلار مەخسۇس شىكار قىلىدىغان ئورۇن)دا ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگەندە، خان يارلىقىغا خىلاپ ھالدا ئوۋ رايونىدا يۈرگەن جالالىددىن كىتىكى باشلىق كىشىلەر تۇتۇپ كېلىنىپ سوراق قىلىنغان. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، تۇغلۇق تۆمۈرخان شەھىرى كىتىكنى قۇم باسقانلىقىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن، جالالىددىن كىتىكلەرنىڭ شۇ يەردىن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ چاقىرتقانلىقىدىن، يۈز كۆرۈشۈشكە ئىمكان بولغان. ئومۇمەن يۇقىرىقى سەۋەبلەر بىلەن جالالىددىن كىتىكى تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن دىدارلاشقان ۋە ئۇنى دىنىي ئىسلامغا دەۋەت قىلغان. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆزىنىڭ گەرچە خان ئاتالسىمۇ تېخى مۇغۇلستان ئاستانىسى ئالمالىقتىكى تەختكە چىقمىغانلىقىنى، شۇ يەردە خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندا بارسا مۇسۇلمان بولىدىغانلىقىنى، ھازىر مۇسۇلمان بولسا قوۋملىرىنىڭ قارشى چىقىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. يۇقىرىقى سەۋەبەت بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي جالالىددىن كىتىكى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشقا قىلغان ۋەدىلىرى بىلەن ۋەسىيەتلىرىنى ئوغلى ئەرشىدىنگە قالدۇرۇپ باقىي دۇنياغا كەتكەن. تۇغلۇق تۆمۈرخان 15 يېشىدا ئاقسۇدا خان بولۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن يەنى 18 ياشقا كىرگەندە ئىلى رايونىدىكى ئالمالىق شەھرىدە موغۇلستاننىڭ پادىشاھى بولغان. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىلىغا چىقىپ موغۇلستان مەملىكىتىگە خان بولغاندىن كېيىن مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلى بىرىپ (ئەمەلىيەتتە ئاتىسىنىڭ ۋارىسلىرى بىلەن بىرگە ئۇسمۇر ئەرشىدىن ئىلىغا بارغان چىققان، تۆھپە شۇنىڭ نامىغا ئاتىلىپ قالغان بولۇشى ئېھتىمال. ئۇنداق بولمىسا، ئەرشىددىن ۋەلى كىتىكتە تۇغۇلغان، ئالمالىققا بارغاندا يېشى خېلى چوڭ بولۇشى مۇمكىن) ئۇنى ۋەدىسى بويىچە مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلماق بولغان بولسىمۇ كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن، ئاخىرى ئەتىگىنى ئەزان توۋلىغاندا خان ئاڭلاپ چاقىرتقان، شۇ سەۋەب بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولغان. ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا، مەۋلانە ئەرشىددىن ئەزان ئېيتقان دۆڭ تاكى بۈگۈنگىچە «ئەزان

دۆلەت» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. تۇغلۇق تۆمۈرخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، دۇغلات دوختەۋىي بېگى يارقى، ئوردا بېگى ئالتۇن باخشى ۋە تارغۇن باخشى، زارغۇن باخشى كەبى جايساڭلار ھەم لەشكەرلەر مۇسۇلمان بولغان. جوراس قەبىلىسىدىكىلەر بويۇنتاۋلىق قىلغان بولسىمۇ ئاخىرى مۇسۇلمان بولغان. ئەسلىدە مۇسۇلمان بولۇپ ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالماي يۈرگەنلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئاشكارا قىلغان. مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلى بالغاسۇن (ئالمالىق) دا بىر يىل تۇرۇپ مۇسۇلمانچىلىقتىن تەربىيەت قىلغان. ماتېرىياللاردا، تۇغلۇق تۆمۈرخان مۇسۇلمان بولغان كۈنى 160 مىڭ كىشى مۇسۇلمان بولغانلىقى بايان قىلىنغان، كۆپ كىشىلەر بۇلارنى موڭغۇللار، دەپ تونۇيدۇ. 160 مىڭ يىگى مۇسۇلماننى موڭغۇل قوۋمىدىن دەپ قاراش سەۋەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان بايتاش (مۇسا) ئىسلام دىنىنى خانلىقنىڭ دىنى قىلىپ جاكارلىشى، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ خوتەنگە غازات قىلىشى سەۋەبىدىن ئىسلام دىنى خېلى كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان ئىدى. گەرچە خاقانىيە بىلەن ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى ئارىسىدا كۆپ سوقۇشلار بولغان، ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى بىر قىسىم زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان، مەلۇم مەزگىل خاقانىيەگە سېلىق تۆلەيدىغان ھالغا كەلگەن بولسىمۇ، ئېتىقادىنى ساقلاپ قالغان ئىدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى دائىرەسىدە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بولۇپ، خېلى ساندا مۇسۇلمانلار بولسىمۇ، ئاھالىنىڭ كۆپى بۇددا، نېستورى ۋە مانىي دىنلىرىدا ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى دائىرىسىگە (بۇگۇر ۋە چەرچەن ئارقىلىق خاقانىيە بىلەن چېگرىلانغان) ئىسلاملىشىش ئەمەلگە ئاشمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىش مۇمكىنكى، تۇغلۇق تۆمۈرخان زامانىدا مۇسۇلمان بولغان ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسىلا موڭغۇللار دېيىشكە بولمايدۇ، بەلكى تەخمىنەن تولا ئاھالە ئۇيغۇرلار - يەرلىك ئاھالە ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان نەسەبى موڭغۇل بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ زامانىدا مۇسۇلمان بولغانلارنى موڭغۇل دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چىڭگىزخان پەرزەنتلىرىگە يەر – زېمىن ئەمەس بەلكى ئاھالە (چېرىك) نى سۇيۇرغال قىلغان، جۈملىدىن 4000 چېدىر (پېرسىيەلىك رەشىدىن پەيزۇللا «جەمئۇت تەۋارىخ» تا بارلاس قوۋمى مىڭ چېدىر، قوڭغىرات قوۋمى مىڭ چېدىر ... قاتارلىق) ئاھالە چاغاتايغا تەقسىم بولغان. تۇغلۇق تۆمۈر خان بولغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى ھازىرقى شىمالىي شىنجاڭنى تېررىتورىيە قىلغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى نەچچە يىل خانسىز قالغان بۇ ھاكىمىيەت كەڭ تېررىتورىيىگە ئىگە ئەمەس ئىدى، ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ماۋرائۇننەھر قاتارلىق جايلارنى ھۆكۈمرانلىقىغا ئالغان. شۇ سەۋەبتىن تۇغلۇق تۆمۈر ھاكىمىيىتىدە ئۇنچە كۆپ

موغۇل ئاھالىسىنىڭ بولۇشى گۇمانلىق، شۇڭا مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ كۆپ سانلىقى يەنىلا ئۇيغۇرلار ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئۇيغۇرلاردىكى ئىدېئولوگىيە بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلىشىپ كېتىۋاتقان موغۇل ئاھالىسى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئاخىرقى توسالغۇ دىنىي پەرق يوقىلىپ، ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كېتىشىنى ئىلگىرى سۈردى. تۇغلۇق تۆمۈرخان باشچىلىقىدا موغۇللار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى مەسىلىسىدە ئېيتىش زۆرۈر مەسىلىدىن بىرى، تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن بۇرۇنمۇ چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن مۇسۇلمان خانلارنىڭ ئۆتكەنلىكىدۇر. چاغاتاي ئوغلى مامقانخاننىڭ ئوغلى قاراھىلاكۇ خان بولغان. قاراھىلاكۇ قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سەبىي ئوغلى مۇبارەكشاھ ئانىسى ئەرغەنەنىڭ ياردىمىدە خان بولغان، مانا مۇشۇ مۇبارەكشاھ چاغاتاي نەسەبىدىن بولغان تۇنجى مۇسۇلمان پادىشاھدۇر. مۇبارەكشاھتىن كېيىن چاغاتاي نەسەبىدىن «ئالغۇ بىن بەيدەر»، ئۇندىن كېيىن «بەرەقخان بىن يەسەنتۇ» خان بولغان. بەرەقخان پادىشاھ بولۇپ 2 يىلدىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان (بۇخارادا مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن سۇلتان غىياسىدىن دەپ ئاتالغان)، ئۇزۇن ئۆتمەي قازا قىلغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەنە تەرمە شېرىن ئىسىملىك بىرى مۇسۇلمان بولغان، ئۇ ماۋرائۇننەھرنىڭ پادىشاھى بولغاچقا ئۇ تەرەپلەردىكى موغۇللارنىڭ مۇسۇلمانچىلىقى شۇندىن كېيىن مۇستەھكەم بولغان. مۇشۇ نۇقتىلاردىن ئالغاندا، تۇغلۇق تۆمۈرخان چاغاتاي نەسەبىدىكى خانلار ئىچىدە كەم دېگەندىمۇ مۇسۇلمان بولغان 4-خان ھېسابلىنىدۇ.

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئاستانىسى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەردە «قارا بالغاسۇن» دېگەن يەر نامى تىلغا ئېلىنىدۇ. رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى سانكتپېتېربۇرگ شۆبىسىدە C556 رەقەمدە ساقلىنىۋاتقان «تەزكىرەئىي مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلى» نىڭ ھاشىيەسىدە «بۆلەك تارىخ كىتابلىرىدا بالغاسۇننى بالاساغۇن دەپ زىكرى قىلىبدۇر» دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە قەدىمكى تىلدا «بالغاسۇن» سۆزى شەھەر دېگەن مەنىدە ئىدى، لېكىن تىل ئىشلىتىلىش داۋامىدا «بالاساغۇن» بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز. «تارىخى رەشىدىي» نىڭ مۇھەممەمەتتۇردى مىرزائەخمەد نەشرگە تەييارلىغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا « ‹تارىخى مەجمەئۇل - ئەنساب› (بارلىق نەسەبلەرنىڭ تارىخى) ناملىق كىتابتا، بالاساغۇننى موغۇللار ئالمالىق دەيدۇ» [16]، دېگەن ئۇچۇردىن ئالمالىقنىڭ ئەينى زاماندا بالغاسۇن - شەھەر دەپمۇ ئاتالغانلىقىنى جەزملەشتۈرىمىز.يۇقىرىقىلارقى تەزكىرىدە تارتار، كاشغە ئەرەۋىل ، كوەن، اچىن ، تۇرفان قاتارلىق تامامى يۇرتلارنىڭ باج-سېلىقلىرى بالغاسۇنغا يەتكۈزۈلىدىغانلىقى يېزىلغان. باج-خىراجى

يىغىلدىغان بۇ شەھەرلەر قاتارىغا رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى سانكتپېتېربۇرگ شۆبىسىدە D115 رەقەمدە ساقلانغان نۇسخىسىدا ياركەنت شەھىرىمۇ قوشۇپ سانالغان. مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلى توغرىسىدىكى تەزكىرىلەردە يېزىلىشىچە ، ئاستانە جەنۇبلۇقلار (جۇملىدىن ئاقسۇلۇقلار) «تاغ» دەپمۇ ئاتالغان، بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئاستانىغا مۇزارت ئارقىلىق بارغانلىقىدىن بولسا كېرەك. بۇ توغرىدا مۇشۇ تەزكىرەدە «نەبرەم خوجا راشىدىن بىلەن تاغقە بارىپ تۇغلۇق تۆمۈرخاننى مۇسۇلمان قىلغاندىن كېيىن خوجا راشىدىن بىلەن كۇسەن شەھرىدە تەكيەگاھ قىلىشلەر» دېيىلگىنى بۇنىڭ مىسالىدۇر.

## تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەۋلادلىرىنىڭ تەقدىرى

تۇغلۇق تۆمۈرخان دۇغلات ئەمىرى خۇدايىداد قازا قىلغاندىن كېيىن، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئەمىرى بىلەن ئۇنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى ئاتا ئورنىغا ئۇلۇس بېگى بولغان. ئەمىر بۇلاجى بەش ئاكا-ئىنى بولۇپ، ئۈچىنچى ئىنىسى ئەمىر قەمىرىددىن مەنسەپ تەمەسىدە ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەمىر بۇلاجىنىڭ مەنسىپىنى ئۇنىڭ ئوغلى يەتتە ياشلىق خۇدايىدادقا بەرگەنلىكىدىن نارازى بولۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرگە دات ئېيتقان، ئەمىر خۇدايىداد چوڭ بولغۇچە ئەمىر بولۇشىنى تەلەپ قىلغان، لېكىن تۇغلۇق تۆمۈرخان رەت قىلغان. تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن قەمەرىددىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئورنىغا خان بولغان ئىلياس خوجا (ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا ماۋرائۇننەھرگە ۋالىي بولغان) قاتارلىق تۇغلۇق تۆمۈر جەمەتىدىن 18 كىشىنى (ماتېرىياللاردا شاھزادە دېيىلگەن) ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغان. شۇ قېتىمقى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئەمىر ئاغا ئىسىملىك خوتۇنىدىن بولغان ئوغلى ئەمچەكتە قالغان، ئەمىر ئاغا ئوغلىنى ئېلىپ خۇدايىدادنىڭ ھىمايە قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. ئەمىر خۇدايىداد تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ خىزىر خوجا ئىسىملىك بۇ ئوغلىنى قەمەرىددىننىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلاش ئۈچۈن بەدەخشان، كاشغەر، خوتەن تاغلىرىغا، ئاخىرىدا سارىغ ئۇيغۇر (ھازىرقى چاقىلىق- چەرچەن تەۋەسى) دائىرىسىگە يوشۇرۇپ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان. قەمرىددىن ئۆزىنى خان ئاتىغاندىن كېيىن ئەمىر تۆمۈر (ئەسلىدە تۇغلۇق تۆمۈر خان ئوغلى ئىلياس خوجنى ماۋرائۇننەھرگە ھاكىملىققا قويغاندا ئاقساق تۆمۈرلەڭ – ئەمىر تۆمۈر كوراگان – ئۇنىڭغا ئىشىك ئاغا بولغان ئىدى) ئۇنىڭغا بەش قېتىم يۈرۈش قىلغان، 5– قېتىملىق يۈرۈشىدە قەمەرىددىن قېچىپ

كەتكەن. ئەمىر خۇدايىداد خىزىر خوجىنى تاپتۇرۇپ كېلىپ خانلىققا كۆتۈرگەن، ئەمما چاغاتاي خانلىقى تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋاپاتىدىن كېيىن پارچىلىنىپ كەتكەن، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ماۋرائۇننەھر قاتارلىق جايلار تۈركلىشىپ كەتكەن بارلاس قەبىلىسىدىن چىققان ئەمىر تۆمۈر 1370–يىلى قۇرغان تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان. چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادى بولسا موغۇلىستان (ھازىرقى شىمالىي شىنجاڭ دائىرەسى) گە، دۇغلاتلار ماڭلاي سۈيە (ئالتە شەھەر، ئاساسلىقى بۇگۈر ۋە چەرچەننىڭ غەربىي تەرەپلىرىنى ئىچىگە ئالغان جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە پەرغانە ۋادىسى) نى ئىدارە قىلغان. تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادىدىن بولغان خانلار داۋاملىق موغۇلىستاننى ئىدارە قىلغان. تۇغلۇق تۆمۈر نەسەبىدىن سۇلتان سەئىدخان 1514–يىلى مىرزا ئابابەكرىنى يوقىتىپ، ياركەنت سەئىدىيە خانلىقى (1514-1680) نى قۇرۇپ ئۈچ يۈز يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان خانلىق ئىچىدىكى خانلىق دۇغلات ئەمىرلىكى (دۇغلاتلار چىڭگىزخان، تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە خىزىر خوجالاردىن كۆپ ئىمتىيازلارغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ماڭلاي سۈيەدىكى تەسىرى ئىنتايىن چوڭ ئىدى) نى يوقاتقان. چىڭگىزخان زامانىدىن باشلاپلا نۇرغۇن ئىمتىيازلارغا ئېرىشكەن دۇغلات ئەمىرلىرىنىڭ سەلتەنەتى ياركەنت سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 2–خانى ئابدۇرەشىتخاننىڭ 1533–يىلى دۇغلات چوڭلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىشى بىلەن تامامەن ئاخىرلاشقان. چىڭگىزخاننىڭ 2–ئوغلى چاغاتاي ئەۋلادى بولمىش تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەۋلادلىرىنىڭ سەلتەنەتى ياركەنت سەئىدىيە خانلىقى نامىدا داۋاملىشىپ، 1680– يىلى جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان.

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ خانلىق دائىرەسى توغرىسىدا موللا مىر سالىھ كاشغەرىي كۆچۈرگەن «كاشغەر تارىخى» دا «تۇغلۇق تۆمۈرخان بەشبالىق ۋە قايالىق ۋە ئالمالىق ۋە كاشغەر ۋە خوتەن، ئۆزكەنت ۋە پەرغانە، ئوترار ۋە تاشكەنت ۋە خوجەنت ۋە ماۋارەئۇننەھرگە، بۇخارا، سەمەرقەنت، جەيھۇندىن ئۆتۈپ بەلخ ۋە غورۇ ۋە تالقان ۋە قوندۇزغىچە تەخت تەسەررۇفىدا ئىدى» [17]، دەپ يازغىنىدەك خېلى كەڭرى زېمىنلار بولسىمۇ، ئوغلى خىزىر خوجا زامانىدا يەنى 1370– يىلى تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ھازىرقى شىنجاڭ دائىرەسى (تېخىمۇ ئۇنۇملۇك دائىرەسى ھازىرقى بايىنغولىندىن شىمالىي شىنجاڭ قاتارلىق جايلار) بولغان.

# تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مازىرى

تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى قورغاس ناھىيەسى تەۋەسىگە جايلاشقان، يەنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيىسى 4-دېۋىزىيە 61-پولك دائىرەسىدىكى مىللەتلەر كوچىسىغا جايلاشقان، بۇ جاينىڭ بۇرۇنقى نامى چوڭ مازار مەھەللىسى. ماتېرىياللاردا قورغاس ناھىيە بازىرى بىلەن ئارىلىقى 30 كىلومېتىر . بۇ مازار بىر باغ ئىچىگە جايلاشقان، باغ ئىچىدە خەنزۇ ۋە ئىنگلىز يېزىقلىرىدا مازار ۋە ئالمالىق شەھىرى توغرىلىق تاش ئابىدە تىكلەنگەن. باغ ئىچىدىكى يول بىلەن 100 مېتىردەك ئىچكىرىگە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئاتلىق ھەيكىلى تۇرغۇزۇلغان، شۇ يەردىن قارىغاندا 4 قۇرۇلۇش بار. ھەيكەلنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى قۇرۇلۇش زامانىمىزدا سېلىنغان، ئاساسەن پۈتۈپ قالغان، كەلگۈسىدىكى موزېي ياكى باشقا ئەسلەھە ئۈچۈن تەييارلانغان بولسا كېرەك. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ھەيكىلىدىن ئۆتسىلا ھەيۋەتلىك ئىككى گۈمبەز زاھىر بولىدۇ، ئۇنىڭ ئوڭ تەرەپتىكىسى تۇغلۇق تۆمۈرخان قەبرىسى، قەبرىنىڭ ئېگىزلىكى 13.35 مېتىر، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 14.7 مېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا 10.7 مېتىر، ئايلانمىسى 67 مېتىر. گۈمبەزنىڭ ئالدى يۈزى كۆنچىقىشقا قارىتىلغان، ئالدى يۈزى 3 خىل رەڭدىكى 26 خىل ئۆلچەمدىكى كاھىش چاپلانغان. گۈمبەزنىڭ كۆنچىقىش تېمى ئىچىگە ئويما شەكىللىك تام ئىشىك چىقىرىلغان (ھەممە يېرىگە نەقىشلىك كاھىش چاپلانغان) بولۇپ ئېگىزلىكى 8 مېتىر، كەڭلىكى 4 مېتىر. مانا بۇ ئويۇقچە تام ئىشىكنىڭ ئۈستىدە ياغاچ پەنجىرە، ئاستىدا قوش قاناتلىق ياغاچ ئىشىك بار. مازارنىڭ ئالدى يۈزىدە 3 قۇر ئەرەبچە خەت بولۇپ، ئويۇقسىمان تام ئىشىكنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپ تامىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئىككى قۇر ئەرەبچە خەت بار. ئوڭ تەرەپ تامىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خەت تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتىپ، سول تەرەپ تامىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خەت يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ يېزىلغان، بۇ ھال كىشىنى ئىلگىرى مازار ماڭلىيىدىمۇ خەت بولسا كېرەك دېگەن ئويغا كەلتۈرىدۇ، كاھىشلار بۇرۇنلا ئاجراپ كەتكەن بولغاچقا ھۆكۈم قىلماق تەس. ئويماسىمان تام ئىشىكنىڭ ئىككى يان تېمى ۋە ئەگمىسىدىمۇ ئەرەبچە خەت بولۇپ، ئوڭ تەرەپ ئاستىدىن ئۈستىگە قارىتىپ ئەگمىنى بويلاپ سول تەرەپتە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ ئەرەبچە خەت بار (ئاق رەڭلىك خەت بار كۆك رەڭلىك كاھىش چاپلانغان). قوش قاناتلىق ياغاچ ئىشىكنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى پەنجىرىنىڭ تېگى تەرىپىدىن باشلاپ ئۈستى ۋە ئىككى يېنىدا «اللا» دېگەن خەت بار كاھىش چاپلانغان. مازارنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تاملىرىغا 5 تىن ئويۇقسىمان ئويمان

چىقىرىلغان. دوكتور، پروفېسسور راھىلە داۋۇت ئەلچىنىنىڭ يېزىشىچە، ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا كۆركەم سىپىلىنغان بۇ گۈمبەزلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى يۈزى ئۇزۇنچاق چاسا، خىش قۇرۇلمىلىق، ئوتتۇرىسى گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ سېلىنغان. ئىچىدىن تام ئارىلىقىغا ئۇستىگە چىقىدىغان پەلەمپەي ۋە ئايلىنىپ ئۆتىدىغان قەۋەت ئۈستى كارىدورى چىقىرىلغان. قەبرىنىڭ ئالدى تەرىپى 20 نەچچە خىل نۇسخىدىكى گېئومېتىرىك نەقىش ۋە ئۆسۈملۈك شەكلى چىقىرىلغان كاھىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن. مازارنىڭ ئالدى يۈزىدىكى ئەگمىنىڭ ئۈستىگە بىر قۇر ئايلاندۇرۇپ ئايەت پۈتۈلگەن ھەمدە تۇغلۇق تۆمۈرخانغا مەدھىيە ئوقۇلغان بېغىشلىما بار، ئەرەبچە بېغىشلىمىدا «ئۇلۇغ پادىشاھىم! سىز ئۇلۇغۋار ئىش ئىلتىپاتىنىڭ دېڭىزىدۇرسىز، ۋەلىي غالىب، ئاق كۆڭۈل ئىنسانلارنى قوغدىغۇچىدۇرسىز، ئاللانىڭ ئالىي كالامى (قۇرئان) غا سادىق بەندىسىدۇرسىز، ئىسلام دىنىنىڭ شان–شەرىپى ۋە ئىپتىخارىدۇرسىز». «پادىشاھىمىزنىڭ خانىكەسى بەتفالىخە (خانىكە) گە بېغىشلايمىز»: «گۇناھكارلىرىڭىزنى كەچۈرگەيسىز، دەۋرىمىزنىڭ خانىكەسى، زامانىمىزنىڭ بىلقىسى، ئەقىل–پاراسەتلىك، دىيانەتلىك، دۇنيادا ئاياللار ئىچىدە تەڭدىشى يوق–بەتفالىخە خاتۇننىڭ شانۇ شەۋكىتى مەڭگۈ ساقلانغاي، ئۆمرى چەكسىز ئۇزۇن بولغاي، مەغرىبتىن مەشرىققىچە ئەبەدىلئەبەد ياشىغاي... !» دېگەن مەزمۇنلار بار [18]. بۇ قەبرە پىشۇرۇلغان خىش ۋە كاھىش بىلەن، لىم (ياغاچ) ئىشلەتلمەستىن قوپۇرۇلغان. گۈمبەزلىك قەبرىنىڭ ئىچىدە ھازىر 4 بۆلۈكىدا قويۇلغان ئىشكتىن كىرىپ پەلەمپەيلەر ئارقىلىق 2- قەۋەتكە چىققىلى بولىدۇ. بۇ مازارنىڭ ئىچىدە 2 قەبرە بولۇپ بىرى چوڭ (تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ)، يەنە بىر كىچىك قەبرە بار (تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ سىڭلىسىنىڭ قەبرىسى دېگەن قاراش بار). تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنىڭ سول تەرىپىدە ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بىر گۈمبەز بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 2 قەبرە بار، بۇ گۈمبەزگە كاھىش چاپلانمىغان، ئەمما قۇرۇلمىسى تۇغلۇق تۆمۈرخان قەبرىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، پەرەزلەردىن قارىغاندا تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ خانىشىنىڭ قەبرە گۈمبىزى ئىكەن.

مەھمۇد يۈسۈپنىڭ يېزىشىچە، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مازىرى 1941-، 1942–يىللىرى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئاچقۇزۇلغان، قەبرە گۈمبىزىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى ئۇلىدىن ئېچىلغان. قەبرە ئىچىدىن كۆمۈش بىلەن چەمبەرلەنگەن ئۆلۈك ساندۇقى چىققان. شۇ ۋاقىتتا بۇنى كۆرگەن قورغاس مۇسۇلمانلىرىدا «يات دىندىكىلەرنىڭ قەبرىسى ئىكەن» دېگەن غۇلغۇلا بولغاندا، زاكىر خەلىپە (شائىر تېيىپجان ئېلىيۇفنىڭ ئاتىسى)

چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى بولغان تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ مۇسۇلمانلار ئادىتى بويىچە نامىزى چۈشۈرۈلۈپ، موڭغۇللار ئادىتى بويىچە دەپنە قىلىنغانلىقىنى بايان قىلغان [19].

«تەزكىرەئىي مەلانە ئەرشىدىن ۋەلى» قاتارلىق بىر قىسىم تەزكىرەلەردىن قارىغاندا، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى بار جاي «شەھرى خامۇشان»، دەپ ئاتالغان. تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى بۇرۇندىنلا تاۋاپگاھلاردىن بىرى بولغان بولۇپ، «تەۋارىخى خەمسەئىي شەرقى» دە غۇلجىدىن 4 كۈنلۈك نېرىدىكى قورغاس دەرياسى بويىدىكى چوڭ زىيارەتگاھلاردىن ئىكەنلىكىنى يازغان. تارىخشۇناس لى جيەنشىن «شىنجاڭ ئىسلام خانلىقلىرى تارىخىدىن قىسقىچە بايان» ناملىق كىتابىدا، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى 1365–يىلى ياسالغان، دەپ يازغان، ئەمما دەلىل كۆرسەتمىگەن. شۈ سوڭ (1781-1848) تەرىپىدىن 1821–يىلى يېزىلغان «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا – ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» دە مازارنىڭ 1360–يىلى ياسالغانلىقى، مازار ئەتراپىدىكى يەرلەردىن ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىس پۇللار (خېتى بار) نىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىقى يېزىلغان. «تارىخىي رەشىدىي» دە تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنىڭ ھىجرىيە 760–يىلى قۇرۇلغانلىقى يېزىلغان (ئېھتىمال مازارنىڭ بىرەر يېرىدىكى خاتىرە بولسا كېرەك)، ھىجرىيە 760–يىلى مىلادىيە 1359–يىلغا، ھىجرىيە 769–يىلى مىلادىيە 1368–يىلغا توغرا كېلىدۇ. تۇغلۇق تۆمۈرخان ھىجرىيە 764–يىلى (مىلادىيە 1363-يىلى) قازا قىلغانلىقىنى ئويلاشقاندا، بۇ مازار 1364–يىلدىن كېيىن 1368–يىلدىن بۇرۇن ياسالغان بولىدۇ (ئۆلۈمدىن بۇرۇن ئالدىن ياسىتىلمىغان بولسىلا). ئەمما بۇنىڭدا مەلۇم سەۋەنلىك بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى تۇغلۇق تۆمۈرخان قازا قىلغاندىن كېيىن، قەمرىددىن ئىسيان كۆتۈرۈپ خان بولۇۋالغانلىقتىن، ئۇ تەختتىن چۈشكىچە گۈمبەزلىك قەبرىنىڭ ياسىلىش ئىمكانىيەتلىرى ناھايىتى ئاز، پەقەت تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئوغلى خىزىر خوجا خان بولغان ھىجرىيە 788–يىلى (مىلادىيە 1387-يىلى) دىن ھىجرىيە 806–يىلى (مىلادىيە 1404-يىلى) بولغان ۋاقىتتا ياسالغان بولۇشى ئېھتىمال. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، خىزىر خوجا خاننىڭ خان بولغان ۋاقتىنىڭ ئەڭ كېچىككەندە ھىجرىيەنىڭ 788–يىلى دېگەن قاراشلىرىنى ئويلاشقاندا، يىل چېكىنى بىر قانچە يىل ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىن. مۇشۇنداق بولغاندا تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىدىكى گۈمبەزلىك قەبرە 1387–يىلى ئەتراپىدا ياسالغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

ماتېرىيال مەنبەلىرى توغرىسىدا

تۇغلۇق تۆمۈرخان توغرۇلۇق رىۋايەت ۋە تەزكىرەلەر ناھايىتى كۆپ، ئۇ توغرىلىق يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «زەپەرنامە»، «تارىخى رەشىدىي»، «تەۋارىخي ئۆلجايتو»، «شەجەرەئىي تۈرك»، «كاشغەر تارىخى» ناملىق كىتابلاردا ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بولغاندىن سىرت، ماسامى هامادا نەشرگە تەييارلىغان «شىنجاڭدا تەسنىف ئېتىلگەن تەزكىرەلەر» (ياپونىيە كيوتو 2006-يىلى نەشرى) ناملىق كىتابتا مۇناسىۋەتلىك تەزكىرىدىن 4 پارچە ئېلان قىلىنغان. ش ئۇ ئا ر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى «مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلى تەزكىرىسى» نى نەشر قىلدى. «جالالىددىن بۇخارى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان، خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىر، ئابدۇرەشىتخانلار توغرىسىدا تارىخي قىسسە» (ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى 1988 – يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى)، «تەۋارىخى خەمسەئىي شەرقى» (ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى 1978– يىلى مىمېئوگراف باسمىسى)، «مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلى تەزكىرىسى» («ئاقسۇ قەدىمكى كىتابلار تەتقىقاتى» 1986– يىلى ئۇيغۇرچە 2–سان)، «تارىخى رەشىدىي– زەيلى» (مىرزا شاھ مەھمۇد جوراس، «ئاقسۇ قەدىمكى كىتابلار تەتقىقاتى» 1986 – يىلى ئۇيغۇرچە 1 – سان)، «تارىخى ھەمىدىي» (موللا مۇسا سايرامى مىللەتلەر نەشرىياتى 1986- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى) ... قاتارلىق مەنبەلەرنى ئىمكان بولسا ئەسلى مەنبەلەرنى مەنبەشۇناسلىق، تېكستولوگىيە پرىنسىپلىرى بويىچە تەتقىق قىلغاندا، ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلار نامايان بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاكادېمىك بارتولدتەك ئىلمىي قابىلىيەت بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى توغرىسىدىكى مەنبەلەرنىڭ كېلىش نۇقتىسى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1) خەلق رىۋايەتلىرى. بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلىرى تەكلىماكان ۋە شەھىرى كىتىك توغرىسىدا خەلق ئېغىزىدا تا ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

2) ماۋرائۇننەھر ئۇچۇرلىرى. 15-، 16– ئەسىرلەردە بۇ توغرىدىكى رىۋايەتلەر تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيەسىدە ۋە خىۋا خانلىقى تەۋەلىرىدە تويلانغان، شۇ دەۋر ئۇچۇرلىرى «زەپەرنامە»، «شەجەرەئى تۈركىي» ۋە خاندەمىرنىڭ يازمىلىرى مۇشۇ مەنبەلەردىن كەلگەن.

3) تارىم ۋادىسىدىن يىغىلغان ئۇچۇرلار. بۇ ئۇچۇرلار تارىم ۋادىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا دۇغلات ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يىغىلغان، «تارىخى رەشىدىي» مۇشۇ خاتىرەلەرنىڭ ئىنكاسىدۇر. كېيىنكى مەنبەلەر

«تارىخى رەشىدىي-زەيلى»، «كاشىغەر تارىخى»، «تەزكىرەتۇل ئېرشات»، «تارىخى ھەمىدىي» ... قاتارلىق ئەسەرلەردىكى مەلۇماتلار «تارىخى رەشىدىي» نى مەنبە قىلغان ھالدا بارلىققا كەلگەن.

4) مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلى ئەۋلادلىرىدىن قالغان ئۇچۇرلار. بۇ ھەقتە مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانى ۋە موللا مۇسا سايرامىي تەرىپىدىن يازما ۋە ئېغىز ئۇچۇرلىرى ئىگىلىنىپ، ئۆز كىتابلىرىدا ئەكس ئەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇلاردىن باشقا شىريار ۋە باشقا ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلغان «مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلى تەزكىرىسى» نامىدىكى ئەسەرلەردىن ئىبارەت

ئەسەر مەنبەسى: مەرىپەت ئوغلى يانبىلوگىدىن ئېلىندى

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

www.yanghin.net www.yanghin.net

QQ, wieixin:287268147 admin@yanghin.net